شنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 4 ـ ئاي
30
پەيشەنبە
维吾尔文 4 月30日

新疆日报网: www.xjdaily.com شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25047 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ قېتىملىق يىغىنى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى توغرىسىدىكى قارارنى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللىدى. قارارغا ئاساسەن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى 2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلىدۇ.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگىچە ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق، ھازىر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تۇرمۇشى تەدرىجىي نورماللاشتى. ھەرقايسى جەھەتتىكى ئامىللار ئۇنىۋېرسال كۆزدە تۇتۇلۇپ، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنى مۇۋاپىق پەيتتە ئېچىش شارائىتى ھازىرلاندى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئاچتى

### دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىندى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قوللايدىغان بىر يۈرۈش سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىپ بېكىتتى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يىغىن ئېچىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قوللايدىغان بىر يۈرۈش سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىپ بېكىتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، خۇبېي خەلقى، بولۇپمۇ ۋۇخەن خەلقىنىڭ پائال قاتنىشىشى، ماسلىشىشى بىلەن، ئىنتايىن جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ، ھەقىقەتەن تەستە قولغا كەلدى. ھازىر، چېگرا سىرتىدا يۇقۇمنىڭ پارتلاش خاراكتېرلىك كۆپىيىش ھالىتى يەنىلا داۋاملاشماقتا، دۆلىتىمىزدە سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بېسىمى سىجىل زورىيىۋاتىدۇ، دۆلەت ئىچىدە يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇرەككەپلىكمۇ ئېشىۋاتىدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى جەزمەن ھەرۋاقىت چىڭ تۇتۇش كېرەك، ھەرگىز ئەجىرنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى ئىزچىل مۇستەھكەملەپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 13 ـ قېتىملىق يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىشتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، يېڭى بوشلۇق ئېچىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 13 ـ قېتىملىق يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ھەم ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئالاقىدار خىزمەتلەر تەتقىق قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنىڭ شىنجاڭدا پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، ئاساس سالىدىغان، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزىدىغان، يىراق كەلگۈسىگە پايدىلىق بولغان ئىسلاھاتلارنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇش، تولۇق ئۈزلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. نۇقتىلىق ئىسلاھاتلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات ئارقىلىق تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئىدارە قىلىش ئۇنۇم ـ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇش، يۇغۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلاھات ئارقىلىق ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، ئىسلاھات ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىسلاھات مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ياخشى «قۇرۇلۇش ئەترىتى باشلىقى» بولۇپ، پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىندا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان ئىسلاھاتلاردا ياخشى باشلىنىش بولۇش، ياخشى قەدەم ئېلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 87 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 87 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا، يېزا تاشىيولىنى باشقۇرۇش، ئاسراش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەت باغچىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىي مۇھاپىزەت يېرى سىستېمىسىنى ئورنىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېزا تاشىيولىنى باشقۇرۇش، ئاسراش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا تاشىيولىنى باشقۇرۇش، ئاسراشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 27 ـ قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 27 ـ قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىپ، سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئېچىشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا ئالاقىدار ئىشلار تەتقىق قىلىنىدى، قاراپ چىقىلدى. سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسى(لايىھە)، كۈنتەرتىپى ۋە سىرتتىن قاتنىشىش دائىرىسى، تەكلىپ قىلىش دائىرىسى قاتارلىقلار قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

# جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۈنجى ۋەندا مەيدانى قۇرۇلۇشى ئالدىراش ئېلىپ بېرىلماقتا

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ماسكا تاقاشنى تەكشۈرۈش، بىخەتەرلىك قالپىقى ۋە كىرىش ـ چىقىش گۇۋاھنامىسى ئېلىش... نۇرغۇن ھالقىلاردىن ئۆتۈپ، 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مۇخبىر قەشقەر شەھىرىدىكى ۋەندا مەيدانى قۇرۇلۇش مەيدانىغا كىردى. 18 قېزىش ماشىنىسى مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى، ئىشچىلار ئوچۇق رەڭلىك ئىش كىيىمى، بىخەتەرلىك قالپىقى كىيىپ ئالدىراش قۇرۇلۇش قىلىۋاتاتتى.

قەشقەر ۋەندا مەيدانى قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 415 مو، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات مېتىرغا يېقىن بولۇپ، ۋەندا گۇرۇھىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ماكانلاشقان تۈنجى تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈر خەلقئارا كىنو شەھەرچىسى، چوڭ تىپتىكى تاللا بازىرى، بالىلار كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى قاتارلىق كەسىپ ھالەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، قۇرۇلۇش پۈتۈپ تىجارەت باشلانغاندىن كېيىن شەھەر ئوبرازى ۋە تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى يەنە بىر ۋاسىتىگە ئايلىنىپ، 8000دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ.

«بۇ تۈردە 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قۇرۇلۇش باشلاندى، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئەڭ بالدۇر ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن تۈرلەرنىڭ بىرى.» تۈر قۇرۇلۇشى قىلغۇچى تەرەپ شىنجاڭ جىنياڭيۇ ئۆي ـ زېمىن

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# ساياھەتچىلىك كەسپى ئېچكى گۇمپىنى مەشق قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇردى

**يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەش**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ گاڭ، رېن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، باغراش ناھىيەسىدە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1113.4 مېتىر كېلىدىغان مەنزىرە رايون يولىنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى جىددىي ئىشلىنىۋاتاتتى، قېزىش ماشىنىلىرى گۈركىرەيتتى، ئاپتوموبىللار ئالدىراش توپا ـ تاش توشۇۋاتاتتى.

باغراش ناھىيەسىدىكى مەنزىرە رايون يولىنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ساياھەت ئۇل ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى چۆرىدەپ، ساياھەت ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىچكى گۇمپىنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



شەھەرنى بېزەپ «1 ـ ماي»نى كۈتۈۋېلىش

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، شەھەر ئاھالىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى شىداچياۋ كۆۋرۈكىدىكى گۈللۈكنىڭ يېنىدىن ئۆتمەكتە. «1 ـ ماي» يېتىپ كېلىش ئالدىدا، باغ ـ ئورمان ئىشچىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھەرقايسى ئاساسلىق كوچا، مەيدان قاتارلىق يول بۆلەكلىرىگە رەڭگارەڭ گۈللەرنى تىزىپ شەھەرنى بېزىدى. □ سەي زېڭلې فوتوسى

# 1 ـ پەسلىدە ئاپتونوم رايونىمىز قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىدىن 2 مىليارد 180 مىليون يۈەن تارقاتتى

**«ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ياخشى تۇتۇپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى لىن** خەۋەر قىلىدۇ: «پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى بولغاچقا، بىز تۆۋەن كاپالەتتىن بەھرىمەن بولدۇق، تۇرمۇش يۈكىمىز يېنىكلىدى» دېدى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قاراقاش ناھىيەسى زاۋا بازىرى دۆڭباغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇخالىق روزىمەمەت تېلېفوندا مۇخبىرغا.

ئابدۇخالىقنىڭ ئائىلىسىدە بەش جان بار، ئۈچ بالىسى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئىلگىرى ئۇ خوتۇنىنىڭ چاغدىدا كاۋاپ ساتاتتى، بۇ يىل يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلالمىدى، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. «ئەھۋالىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئائىلىلەرگە كىرىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، تەرتىپنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە تۆۋەن كاپالەت ۋە ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش بېجىرىپ بېرىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىكلەتتى.

بۇ يىل، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز تۆۋەن كىرىملىك كىشىلەر توپى، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى كاپالەتلەندۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇردى. «بىز بىر قاتار كۈيۈنۈش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، سىياسەت، مەبلەغ جەھەتتە قوللاپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى يۇڭفېڭ.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)